### رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

# مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «ئارمىيەنىڭ پارتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يۆنىلىشنى ئىگىلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاش، سىياسىي ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش، سىياسىي خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ جەڭگە تەييارلىق قىلىش، ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، تىنچ شارائىتتىكى يېغىلىپ قالغان نۇقسانلارنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئۇرۇش قىلىش ماھارىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي ئېكولوگىيەنى ساپلاشتۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە تەرتىپكە سېلىش ۋە مەشقلەندۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، گو بوشيۇڭ، شۈ سەيخۇ، فاڭ فېڭخۇي، جاڭ ياڭنىڭ زەھەرىنىڭ تەسىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئۈزۈل - كېسىل تازىلاش كېرەك. مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھى، ھەربىي كومىتېتنىڭ ئون تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنىڭ يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجرا قىلىشتىكى «تۆت خىل ھالەت»تىن چوڭقۇر پايدىلىنىپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ «مۇھىم تۇتقا»نى مەھكەم تۇتۇپ، پارتكومنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتا كەڭ، بوش، يۇمشاق بولۇشتىن كەسكىن، چىڭ، قاتتىق بولۇشقا ئۆتۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنداق تەلەپ قىلىندى: پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئارمىيەنىڭ پارتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشىدا پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، ئارمىيەمىزنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈنۈم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەڭ تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىغا ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق تونۇتۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىگىلىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. تاراتقۇلار تەشۋىق قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئاخبارات تاراتقۇلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەتراپلىق، كۆپ قاتلاملىق تەشۋىق قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە كۈلەملىك داغدۇغا ۋە كەڭ تەسىر شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ مەركەزلىك تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، لېكسىيە سۆزلەش ئۆمەكلىرى ئورگان، كارخانا، يېزا، مەكتەپ، مەھەللە، تۈەن - چاڭ، لىيەندۈيلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ يۈزتۇرا تەشۋىق قىلىشى ۋە چۈشەندۈرۈشى، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار ئۆزى مەسئۇل ساھە، مەسئۇل تارماقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەشۋىق قىلىشى ۋە چۈشەندۈرۈشى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار كىشىلەر ياقتۇرىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا كەڭ تەشۋىق قىلىشى ۋە چۈشەندۈرۈشى كېرەك؛ نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، چوڭقۇرلۇقى، سالمىقى بار تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بىر ئۆلۈش ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، توققۇز ئۆلۈش ئەمەلىيلەشتۈرۈش. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لار رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، ئۆزى تۇتۇشى، ھەرقايسى تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، «چىڭ تۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، رىئايە قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش»نى زىچ چۆرىدەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر، پۇختا ئىشلىشى كېرەك. تۈزۈمنىڭ ھاياتى كۈچى ئىجرا قىلىشتا. ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تۈزۈمنى ئاڭلىق ھۆرمەتلەش، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداشقا تۈرتكە بولۇشى؛ شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، تولۇق قاپلىغان تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، تۈزۈمنىڭ ھەر ۋاقىت ھەيۋىسى بولۇشى، ھەممە يەردە ئۈنۈمى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. جەزمەن ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرما ۋە خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن نىشان - ۋەزىپىلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى پارتىيەمىز «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئاچقان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن بولۇپ، ئىجادچانلىقى، ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىرىشىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈپ چىقىشىمىز كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

## ■ تېخىمۇ كەڭ كىرىم يولى

كەچ كۈزدە ئاق تېرەكلەرنىڭ رەڭگارەڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى، گەز دەرياسىنىڭ سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى، قىرغاقتىكى ياغاچ چىتلاقلار قىزىل، سېرىق ۋە يېشىل رەڭدە سىرلانغانىدى، ئەگرى - بۈگرى كەتكەن دەريا ئېقىننى بويلاپ ئۇدا ماڭسىڭىز، كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ تاشمىلىق يېزىسى ئاياغ سېرىقئاتا كەنتىدىكى سۇ تۈگمىنىگە يېتىپ بارىسىز.

150 يىللىق تارىخقا ئىگە، بۈگۈنكى كۈندە كەنتتىكى بەلگە خاراكتېرلىك ئىمارەت بولۇپ قالغان بۇ سۇ تۈگمىنى، ئىككى يىل ئىلگىرى باشقىچە بىر قىياپەتتە ئىدى. «ھېچكىم ئۇنى تارتقىلى كەلمەدى، بىز پۇل تاپالمىدۇق؛ ئۇسكۈنىلەرنى ئوڭشاشقا پۇل بولمىغاچقا، تۈگمەن بارغانسېرى كونىراپ كەتتى» دېدى سۇ تۈگمەننىڭ 3 - ئەۋلاد ئىگىسى زۇنۇن ئەسلەپ.

«100 يىللىق تۈگمەن، تارتىدىغىنى ھېسسىيات، پەقەت سۈپەتلىك ماركا يارىتىلسىلا، ئۇ ساياھەت ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى بولالايدۇ.» جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ ئاياغ سېرىقئاتا كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى بەي شۆيۈەننىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، سۇ تۈگمىنى ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىدىن كونا قىياپىتى بويىچە رېمونت قىلىنىپ، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ساقلاپ قېلىنىپلا قالماي، يەنە ئىمارەتنى لايىھەلەشتە تېخىمۇ روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىلگىرىكى ئېغىر نامرات كەنت بارغانسېرى ئاۋاتلاشتى. يۇرت - يۇرتلاردىن كەلگەن ئاما بوش ۋاقىتلىرىدا سۇ تۈگمىنىگە كېلىپ سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بەزىدە توختاپ تۈگمەننىڭ بىناكارلىق ئالاھىدىلىكىدىن ھۇزۇرلانغاچ، يەنە بىر نەچچە خالتا ئۇن سېتىۋالىدۇ. «خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر ماڭا ياردەملىشىپ مەخسۇس ئىككى كىلوگراملىق ئۆلچەمدىكى ئۇن خالتىسى لايىھەلەپ بەردى، ئۇنىڭغا يەنە مېنىڭ باش سۈرىتىم بېسىلدى، مەنمۇ كەنتتىكى ‹چولپان›لاردىن بولۇپ قالدىم» دېدى زۇنۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

يەنىلا ئەسلىدىكى مەھسۇلات، يەنىلا ئەسلىدىكى تەم، ئەمما يىراقتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئوخشىمايدىغان قىممەت يارىتىلدى. ساياھەتچىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرى كۈندىن - كۈنگە كېڭەيمەكتە.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كوناشەھەر ناھىيەسى ئوغۇساق بازىرى تۆۋەندىكى ئوغۇساق كەنتىدىكى قول ھۈنەرۋەن راخمان ئابدۇللانىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنى گۇۋاڭجۇدىن كەلگەن 20 نەچچە ساياھەتچى بىلەن لىق تولدى. راخماننىڭ ئوغلى مامۇتجان راخمان راۋابنى شوخ پەدىگە چالدى، ساياھەت يېتەكچىسى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ دۇكانغا تىزىپ قويۇلغان كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چالغۇلارنى تونۇشتۇردى. چوڭ - كىچىك چالغۇلار ئىچىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىچىك دېپى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىۋالدى، بىر دەمدىلا بىر نەچچىسى سېتىلدى.

ساياھەتچىلەر قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنىدىن چىققاندىن كېيىن، كەنت ئاھالىسى راخمانجان تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، يەرلىك كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ھۇزۇرلاندى. ئايال ساھىبخانا تۇتىنگۈل تۇرسۇن يېڭى، تاتلىق قوغۇن، ئۈزۈم ۋە نان بىلەن يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. ھويلىدا يېيىتىپ قۇرۇتۇلغان چىلان پۈتۈن مەيداننىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى، ساياھەتچىلەر تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن، شۇ جايدىلا زاكاز بەردى.

مەيلى يەر تېرىش، ئۇن تارتىش بولسۇن ياكى چالغۇلارنى ياساش ۋە ياكى تېخىمۇ چوڭ دائىرە ئىچىدە بولسۇن، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى بۇرۇنقى ئىزدا كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ساياھەتنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇلارنىڭ يىلمۇيىل قىلغان ئەمگىكى تېخىمۇ كۆپ مېۋە بەردى. باشقا نۇقتىدىن قارىغاندا، ساياھەتچىلەر ئەڭ ياخشى مەھسۇلات ۋە ئەڭ ئۆزگىچە مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولدى، ساياھەت كارخانىلىرى تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشتى، يەرلىكمۇ تېخىمۇ كۆپ تەرەققىيات ئەمەلىي كۈچى توپلىدى، كۆپ تەرەپنىڭ يۇغۇرۇلۇشى بىلەن، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتەك كۆپ تەرەپ پايدا ئېلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

## ■ تېخىمۇ كۆپ كەسىپ سالاھىيىتى

نامرات رايونلاردىكى ئاما ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇزاق يىللار داۋاملاشقان مېخانىكىلىق تەكرار ئەمگەك ئۇلارنىڭ تونۇش ساھەدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىنى تېپىشنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ھالبۇكى، ساياھەت ئۇلارغا تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ كەسىپ ۋە سالاھىيەتتىكى ئۆزگىرىش ئىدى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتە، تۆۋەنكى ئوغۇساق كەنتى يېزىخەي ئۆرۈپ - ئادەت باغچىسىدا ئاشپەز مەمەتسالى ئابدۇرېھىم ساياھەتچىلەرگە لەڭمەن ئېتىۋاتاتتى. بۇ يىل 7 - ئايدا ئەمدىلا يېڭىشەھەر ناھىيەلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئۇ تەكلىپ بىلەن ئۆرۈپ - ئادەت باغچىسىغا كەلگەن بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئېيىغا 3500 يۈەن مائاش ئالىدۇ.

ئائىلىسىدە ئالتە جان بار مەمەتسالى 19 يىلدىن بۇيان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى ھەممىدە ئانچە كۆپ بولمىغان كىرىمنى كۆرۈپ چوڭ بولدى. شۇڭا ئۇ ئوقۇغاندىن باشلاپلا ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇش يولىدا قايتا ماڭماسلىق ئىرادىسىگە كەلدى. خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، بۇ كۆيۈمچان يىگىت ھەر ئايدا ئۆزىگە پەقەت نەچچە يۈز يۈەن تۇرمۇش پۇلى قالدۇرۇپلا، قالغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە بەردى. ئۇ مۇخبىرلارغا ھازىر ئۆيىنىڭ يېڭى تۈسكە كىرگەنلىكىنى، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئەسلىدىكىدىن كۆپ ياخشىلانغانلىقىنى ئېيتتى. «خوجايىن يەنە ماڭا كېيىن ساياھەتچىلەر كۆپەيسە مۇكاپات پۇلى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇڭا مېنىڭ غەيرىتىم تېخىمۇ ئاشتى» دېدى مەمەتسالى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئاشپەزلىكنىڭ كەسىپ بوسۇغىسى بىر قەدەر ئېگىز، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى مەمەتسالىنىڭ ھەر ئايدا 3500 يۈەن مائاش ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆزى قىزاردى، يېزىخەي ئۆرۈپ - ئادەت باغچىسىغا ئانچە يىراق بولمىغان شادلىق باغچىسى دېھقانلار ئارامگاھى نامرات ئاممىغا تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.

مۇلازىم ئاينۇر ياقۇپ بۇ يىل 27 ياش، شادلىق باغچىسىغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ ھەر كۈنى قازان بېشىنى چۆرگىلەپلا يۈرەتتى. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېتىزغا بېرىپ ئىشلەيتتى، شۇنچە جاپا تارتسىمۇ كىرىمى ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى. بۇ يىل 6 - ئايدا، ئۇ بىر قارارغا كېلىپ ئېرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكى يەرنىڭ ھەممىسىنى كوپىراتىپقا ئوبوروت قىلىپ بېرىپ، شادلىق باغچىسىغا كېلىپ ئىشلىدى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاينۇر دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ ئىچى - سىرتىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاشخانىغا كىرىپ سەي تەييارلاشقا باشلىدى. «بۇ خىزمەت ئىلگىرى مەن ئۆيدە قىلغان بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىكەن، لېكىن ھازىر پۇلغا ئىشلەيمەن، تۇرمۇشۇم بىراقلا باياشات بولۇپ قالدى. مېنىڭ ھازىر ھەر ئايدا مائاشىم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانلار ئارامگاھى ئۆيگە يېقىن، ئالدىراش ئەمەس ۋاقىتتا يەنە ۋاقىت چىقىرىپ ئۆيگە بېرىپ، چوڭلارغا ۋە باللارغا تاماق ئېتىپ بېرەلەيمەن» دېدى ئاينۇر.

خۇددى ئاينۇر ئېيتقاندەك، گەرچە ئەمگەكنىڭ مەزمۇنى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كەسىپ سالاھىيەت ۋە كىرىم ئەھۋالدا ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاغدۇرۇش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ساياھەتچىلىكنىڭ سەرخىل تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ساھە ئىچىدىكى ئىنچىكە ئايرىلىدىغان كەسىپلەرمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. مەسىلەن، يالغۇز تۆۋەنكى ئوغۇساق كەنتىدىلا كەسپىي چالغۇ ياساش ئۇستىسى، مەنزىرە رايونىنىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى قاتارلىقلار بار. ئىلگىرى يېزىلاردا كەم ئۇچرايدىغان بۇ كەسىپلەر ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ كۈچ قوشماقتا، شۇنداقلا ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىدىكى مۇھىم شەكىلگە ئايلانماقتا.

## ■ تېخىمۇ گۈزەل يېزا - كەنت قىياپىتى

ئادەتتىكى بىلىشتە، ساياھەت بايلىقى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى، ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان جاي بولمىسا، ھېچكىم كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ تەسىرات ئالمايدۇ. بىراق كوناشەھەر ناھىيەسىدە، گەرچە ساياھەت بايلىقى نىسبەتەن كەمچىل، ساياھەت ئۇل ئەسلىھەلىرى ئانچە مۇكەممەل بولمىسىمۇ، كىشىلەر بارلىق ئامال - چارىلەر بىلەن شارائىت يارىتىپ، مۇھىتنى ياخشىلاۋاتىدۇ، يۇقىرى - تۆۋەننىڭ بىر نىيەتتە بولۇشى ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يولىنى بارغانسېرى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەچقۇرۇندىن باشلاپ، يېزىخەي مىللىي ئۆرۈپ - ئادەت مەنزىرە باغچىسىغا ساياھەتچىلەر ئۈزۈلمەي كىرىشكە باشلىدى. بەزىلەر ئىلەڭگۈچ ئۇچسا، بەزىلەر كۆۋرۈكنى لەپەڭشىتەتتى، يەنە بەزىلەر قولمۇقول كاۋاپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى، قىزغىن كەيپىيات قاراڭغۇ چۈشكەنگە قەدەر داۋاملاشتى. كەچ سائەت 8 دە، 10 مىڭدىن ئارتۇق LED چىرىغى تەڭلا ياندى، ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر پۈتكۈل ئۆرۈپ - ئادەت مەنزىرە باغچىسىنىڭ كەيپىياتىنى بىراقلا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

كەچ كۈزدىكى كېچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى سەل تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن باللار ياكى چوڭلار بولسۇن، ھەممىسى ھاياجانلانغان ھالدا ھەرقايسى جايلاردا خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋاتاتتى. قەشقەر شەھىرىدىن كەلگەن ساياھەتچى لى جاڭ مۇنداق دېدى: بىرىنچى قېتىم ئۆرۈپ - ئادەت مەنزىرە باغچىسىغا كېلىپ ئوينىشىم، كەنتتىمۇ بۇنچە گۈزەل چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسىنىڭ بارلىقىنى ئويلىماپتىمەن.

بۇ يىلدىن بۇيان، كۆلىمى 86 مو كېلىدىغان يېزىخەي مىللىي ئۆرۈپ - ئادەت مەنزىرە باغچىسى 30 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى، 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن باشلانغان چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى كەچتە 400 - 300 ئادەمنى كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا جەلپ قىلدى. «بىز ساياھەت كوپىراتىپلىرى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇۋاتىمىز، بۇ جاينىڭ دائىملىق ساياھەت لىنىيەسىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى مەنزىرە باغچىسىنىڭ باشقۇرغۇچى خادىمى فاڭ جېي.

تەبىئەتنىڭ سوۋغىسى كەمچىل بولسا، ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق تولۇقلىغىلى بولىدۇ. تۇرمۇشقا ئەڭ يېقىن يېزا - كەنتلەردە، جەمئىيەتتىن كەلگەن كاپىتالنى سىناپ كۆرۈش شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى. تېخىمۇ ئاساسلىق بولغان قاتلامدىن قارىغاندا، ساياھەت يەنە يېزا - كەنت قۇرۇلۇشىنى يېتەرلىك تۈرتكە بىلەن تەمىنلىدى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئەتىگەندىلا، كوناشەھەر ناھىيەسى توققۇزاق بازارلىق پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ئاياغمەنگەن كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تيەن يىشيۇ كەنتتىكى ئۈزۈم كارىدورىغا كەلدى. 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كارىدورغا مودەنگۈل مايىسسى دۆۋىلەنگەنىدى، مۇشۇ كۈندىن باشلاپ مودەنگۈل مايىسسى ئارقا - ئارقىدىن كارىدورنىڭ بىر تەرىپىدىكى 30 نەچچە مو يەرگە كۆچۈرۈلەتتى. سەككىز ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى بىكار يەر تۈزلىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بۇ رايون كېلەر يىلى ئاياغمەنگەن كەنتىدىكى ئىستىراھەت مەنزىلگاھىغا ئايلىنىدۇ.

«كەنتىمىزنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى قىزىل ساياھەت، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كەنتىمىزگە كېلىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈشتە بولغانلىقىدەك ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ھەم ساياھەتنى ئېچىش جەھەتلەردە تەييارلىقنى پۇختا قىلدۇق.» تيەن يىشيۇ مۇنداق دېدى: كەنت ساياھەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىكىر يولى بېكىتكەندىن كېيىن، كەنت قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. «بۇ يىلدىن بۇيان، بىز يېڭىدىن 2.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول ياسىدۇق، 164 يول چىرىغى ئورناتتۇق، 120 ئەخلەت تۇڭى قويدۇق».

بۈگۈنكى كۈندە، ئاياغمەنگەن كەنتىگە قەدەم باسسىڭىز، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆيلەر ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ، دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرىدىكى قوناقگۈللەر بەكمۇ چىرايلىق ئېچىلغان. بۇلا ئەمەس، ساياھەت ئىستېمالىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، كەنتتىكى ئاساسلىق غول يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى دۇكانلار ئىككى يىل ئىلگىرىكى تۆت - بەشتىن بۈگۈنكى كۈندىكى 60 نەچچىگە يەتتى. «ھازىر ساياھەت ئەسلىھەلىرى تېخى ئانچە مۇكەممەل ئەمەس، كېلەر يىلغا بارغاندا، بىز ساياھەت ھاجەتخانىسى، ساياھەت تاللا بازىرى، كىچىك كېچىلىك بازار ۋە يۇقراۋى قونالغۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇپ بولىمىز، ئۇ چاغدا ئاياغمەنگەن كەنتى يېپيېڭى تۈسكە كىرىدۇ» دېدى تيەن يىشيۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

## ■ تېخىمۇ يۇقىرى تەرەققىيات ئارزۇسى

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، نىسپىي نامراتلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىلىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش نىشانىغا بارغانسېرى يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ساياھەت ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى چۆرىدىگەن تەپەككۇر تەدرىجىي بىخ سۈرۈۋاتىدۇ.

«شەھەرلىكلەرگە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى سەھرا تۇيغۇسى بېغىشلاپ، ئۇلارنى خالىغان ۋاقىتتا كېلىدىغان، خۇشال - خۇرام كېلىدىغان، ئاخىرىدا ئۇلارنى كەلگەنسېرى كەلگۈسى كېلىدىغان قىلىمىز» دېدى تۆۋەنكى ئوغۇساق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋېي باڭجۇڭ.

ۋېي باڭجۇڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەنتتىكى 40 مو يەر 400 پارچە قىلىپ بۆلۈنۈپ، ھەربىر پارچە بىر پۈڭ يەر شەھەرلىكلەرنىڭ تېرىشىغا ئىجارىگە بېرىلدى. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە، ھەپتە ئاخىرىدا نۇرغۇن «شەھەرلىك دېھقان» شەھەردىن ئاپتوموبىل بىلەن كېلىپ، يەر تېرىپ ئارام ئالغاچ كۆڭۈل ئاچتى. «يەر ئىشلىتىش ھەققى، كۆندىلىك پەرۋىش ھەققى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، بىر پۈڭ يەرنىڭ ئىقتىسادىي ھاسىلاتىنى 1000 يۈەنگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ، 80 ئائىلىلىك نامرات ئائىلە بۇنىڭدىن پايدا ئالالايدۇ» دېدى ۋېي باڭجۇڭ.

تۆۋەنكى ئوغۇساق كەنتىنىڭ «شەھەرلىك دېھقان» تۈرى ساياھەت بىلەن يېزا تۇرمۇشىنى چوڭقۇر يۇغۇرۇش ئۈستىدىكى بىر خىل ئىزدىنىشتۇر. بۇ جەرياندا، ساياھەتچىلەرنىڭ قاتنىشىش دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى، تەسىراتى تېخىمۇ ياخشى بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كەلدى.

كىرىمنىڭ ئېشىشى ئېلىپ كەلگەن بىۋاستە تەسىردىن باشقا، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىمۇ يېزىلاردىكى ئاممىغا تاشقى دۇنيانى تونۇيدىغان كۆزنەك ئېچىپ بەردى. ئىلگىرىكى بىر مو ئۈچ پۈڭ يەر ئەمدى تۇرمۇشنىڭ بارلىقى بولماي قالدى، ئادەمنىڭ ئۆزگىرىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشكە ئايلاندى.

مەمەتسالى مۇنداق دېدى: ئۆزۈم ئاشپەزلىكنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، بىكار ۋاقىتلىرىمدا يەنە جاي - جايلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتىمەن، مېنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى سەۋىيەممۇ بارغانسېرى ئۆسۈۋاتىدۇ؛

ئاينۇر مۇنداق دېدى: كەنتتىكى نۇرغۇن ئايال ئۆيلىرىدىن چىقىپ زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلىدى، روھىي قىياپىتىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، مەنمۇ ئۆزگە ئىشىنىدىغان، چىرايلىق كەسپكار ئايال بولۇشنى ئويلايمەن؛

نۇرغۇن كىشى مۇنداق دېدى: ساياھەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ كۆپ ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى، تاللاش ئەركىنلىكى بىزگە ئەڭ چوڭ ئەركىنلىك ئاتا قىلدى؛

...

«كەنتتە ساياھەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باشلانغان ۋاقىتتا، بەزى گۇمانىي سادالارمۇ چىققان.» تيەن يىشيۇ مۇنداق دېدى: بەزى كەنت ئاھالىلىرى كەنتكە كۆپلىگەن ناتونۇش كىشىنىڭ كېلىشىنى خالىمىدى، بەزى كەنت ئاھالىلىرى ساياھەتتىن پۇل تاپقىلى بولۇشى ناتايىن دەپ قاراشتى، لېكىن تۈرلەرنىڭ بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ھەممە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ يېتەكلەش خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ قىزغىنلىقى بارغانسېرى ئاشتى.

«ھازىر، مەيلى دائىملىق تەشكىللەنگەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى كۇرسى بولسۇن ياكى ئاشپەزلىك ماھارىتى، قائىدە - يوسۇننى قېلىپلاشتۇرۇش كۇرسى بولسۇن، كۆپچىلىكنىڭ قاتنىشىش دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى.» تيەن يىشيۇ مۇنداق دېدى: ھەربىر كىشىنىڭ ساياھەت يېتەكچىسى، ھەربىر ئائىلىنىڭ ساياھەت تونۇشتۇرۇش نۇقتىسى بولۇش كەيپىياتى شەكىللىنىشكە باشلىدى، مانا بۇ كەلگۈسى تەرەققىياتتىكى ئەڭ چوڭ ئىشەنچ مەنبەسى.

ھۆكۈمەت تەرەپ ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، كوناشەھەر ناھىيەسى جەمئىي 402 مىڭ 100 ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋالغان بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 43.8% ئاشقان، ساياھەت كىرىمى 83 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 67.3% ئاشقان.

ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە، يول ئاياغ ئاستىمىزدا، تېخىمۇ مۇھىمى يىراقتا.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەگەر پىكىر يولى يەنىمۇ كېڭەيسە، ساياھەتنىڭ تۈرتكە بولىدىغىنى يالغۇز كىرىمدىكى ئۆزگىرىشلا ئەمەس، يەنە، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىن يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئادەمنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، كىشىلەر قانداقمۇ پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار مۇھىتقا ئۆزىنى قويۇۋېتىپ ئارام ئېلىشقا كېلىشنى خالىسۇن؟ كەسپكارلارنىڭ ساپاسى يۇقىرى بولمىسا، قانداق قىلىپ يۇقىرى سۈپەتلىك ساياھەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ؟

يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، ساياھەتنىڭ ئاممىنىڭ ئاساسىي ئىستېمال ئېھتىياجىغا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى مۇقەررەر ھالدا تەدرىجىي سۈرئەتنى تېزلىتىدىغان بىر جەريان بولىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا سىنىلىغان ياخشى ئاساسقا تايىنىپ، ساياھەتچىلىك چوقۇم يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشكە كۈچ قوشۇش جەھەتتە تېخىمۇ ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.